**مۇدىر :** سۇ دېگۈي
**مۇئاۋىن مۇدىر :** چيۇ يۈەنياۋ   جياڭ توڭخەي   شېن دېۋېي
لىيۇ ۋېنجۇ   يۇ شياۋمىڭ   گاۋ پېيۈەن
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى :** (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى )
ۋاڭ جۇڭشەن   ۋاڭ ياۋ   ما گورۇي   بىيەن دوڭفېڭ
ئىرفان ئابدىرېھىم   فېڭ جيەنچياڭ   فېڭ لى   لىيۇ گونىڭ
لىيۇ شاۋلەن   تولۇك بىيېكېلىن   لى رېنۋېي   لى چىڭمىڭ   لى جىن
خې بەيچى   يەن يىپىڭ   ماينۇر   ياڭ شياۋلى   چېن جېنجۈن
خۇڭ مىڭ   گاۋ ۋېيخې   رىشىت شېھىت   جاڭ فەن   پەن يۈجېن
**باش مۇھەررىر :** لىيۇ گونىڭ
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :** ۋۇ جۈن   يۈەن يىڭ
**سانلارنى تەكشۈرگۈچى :** يۈەن يىڭ
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئامىنە ئىبراھىم
**مۇھەررىرلەر :** (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى )
ۋاڭ شۈەن   لىيۇ جىڭۋاڭ   لۇ لې   نۇرگۈل كۇمۇرۇللا   لى شياۋجاڭ
نا شۇچىڭ   لى جىڭپىڭ   ۋۇ پىڭ   دوڭ دېفۇ   ياڭ لىمىن
ياڭ لېي   جۇ شىچۈەن   خۇ لىن   خۇ شاۋيەن   گاۋ شىجىڭ   شۇ بىڭ
پاڭ يەن   ئايېك ھاجيۇپ   مېڭ جيۈەن   سۇي شيۇجې
شيې چيەن   شيې جيەنخۇا   لياۋ لىن   سەمەت ياسىن
**بەتچىك :** ئامىنە ئىبراھىم
**ئۇيغۇرچە مۇھەررىر :** ئامىنە ئىبراھىم   بىلقىز ئىمام
**تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلار :** ۋاڭ گۈيرۇڭ   چىن يىخاڭ   خۇاڭ شۆبىڭ
قايرات   چۈ يوڭ   خۇ خەيیەن
**شىرازىلىنىشنى لايىھىلىگۈچى :** لىيۇگونىڭ

## 《新疆统计年鉴》编辑委员会

**主　　任:** 苏德贵
**副 主 任:** 丘远尧　姜同海　沈德伟　刘文柱　余晓明　高培元
**编　　委:** (按姓氏笔划为序)
王忠山　王　跃　马国瑞　边东风
伊力凡·阿不都热依木　冯建强　冯　力
刘国宁　刘晓兰　佟别克林　李仁玮
李庆明　李　进　何白齐　闫怡萍
玛依努尔　杨筱黎　陈振军　洪　明
高维和　热西提·谢依提　张　凡　潘玉珍
**主　　编:** 刘国宁
**副 主 编:** 吴　筠　袁　英
**数据审核:** 袁　英
**责任编辑:** 阿米娜·依不拉音

# مۇقەددىمە

# 特载



'99 新疆統計年鑒



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1998-يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا ئاخباراتى

1998-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇرىدىن-تۆۋەنگىچە سىيلىنىمىنى ئاسۇرۇش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاساس قىلىنغان بىر يۈرۈش سىياسەت تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ زەربىسى ۋە ئىچكى بازار ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىقنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، خەلق ئىگىلىكى مۇقىم راۋاجلانغان ئاساسىي ۋەزىيەتنى ساقلاپ كەلدى. يېزا ئىگىلىكىدە يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا تەدرىجى قايتا ئۆرلەش بولدى، مەبلەغ سېلىش مۇقىم ئاشتى، سىرتقا قارىتا ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، مالىيە، پۇل-مۇئامىلە ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىم بولدى، پەن-تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

## 1. ئومۇملاشتۇرۇلغىنى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 111 مىليارد 667 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1-كەسىپنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 29 مىليارد 105 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.2 ئاشتى؛ 2-كەسىپنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 43 مىليارد 73 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.7 ئاشتى؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 39 مىليارد 489 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.1 ئاشتى. بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %26.1، %38.5 ۋە %35.4 بولۇپ، 1-كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1997-يىلدىكىدىن 0.6 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، 2-كەسىپنىڭ 0.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، 3-كەسىپنىڭ 1.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىدىكى تۆھپە ئۈلۈشى تۆۋەنلىدى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تۆھپە ئۈلۈشى ئۆرلىدى. 1-كەسىپنىڭ تۆھپە ئۈلۈشى %29.7 بولۇپ، 0.3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ 2-كەسىپنىڭ تۆھپە ئۈلۈشى %35.2 بولۇپ، 10.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ 3-كەسىپنىڭ تۆھپە ئۈلۈشى %35.1 بولۇپ، 19.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە: سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈرئىتى ئاستا، ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرى كىرىمىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولدى، مالىيە قىيىنچىلىقى كۈچەيدى، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى كاسات بولۇپ، ئىقتىسادقا بولغان تۈرتكىلىك رولى ئاجىز بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

ئاپتونوم رايون "ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پاختىنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈستۈرۈپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، سىيلىنىمىنى ئاشۇرۇپ ۋە پەن-تېخنىكا كۈچىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى ھەر خىل چارە-تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن غالىپ كېلىپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈردى، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 49 مىليارد 924 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %10.8 ئاشۇردى. پۈتۈن يىلدا ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 23 مىليون 601 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1مىليون 504 مىڭ 500 مو كېمەيدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىليون 988 مىڭ 900 مو بولۇپ، 1 مىليون 734 مىڭ 200 مو كۆپەيدى؛ مايلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون 182 مىڭ 100 مو بولۇپ 542 مىڭ مو كۆپەيدى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 661 مىڭ 300 مو بولۇپ، 278 مىڭ 100 مو كۆپەيدى. گەرچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى بىر قەدەر كۆپ مىقداردا كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىرلىك مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىدا تارىختىكى ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. پۈتۈن يىلدا ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %0.6 ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 400 مىڭ توننا بولۇپ، %19.7 ئاشتى؛ مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 375 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %25.2 ئاشتى؛ قىزىلچا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 131 مىڭ توننا بولۇپ، %32.0 ئاشتى. پۈتۈن يىلدا بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 864 مىڭ مو بولدى. چارۋىچىلىقتا يېقىنقى يىللاردىن بېرى كەم ئۇچرايدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا 41 مىليون 500 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.6 ئاشتى؛ گۆش ئومۇمىي مەھسۇلاتى 751 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %16.8 ئاشتى؛ قوي يۇڭى مەھسۇلات مىقدارى 64 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %3.7 ئاشتى؛ كالا سۈتى 599 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %10.7 ئاشتى؛ تۇخۇم مەھسۇلات مىقدارى 133 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %9.7 ئاشتى. پۈتۈن يىللىق سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارى 53 مىڭ 400 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %1.9 ئاشتى.

يېزا-بازار كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليارد 574 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، (تۈەن-مەيدانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشاش) ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 24 مىليارد 556 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، %6.0 ئاشتى؛ ئەمەلىي پايدا-باج 2 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.5 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېنېرگىيىسى 7 مىليون 733 مىڭ 900 كىلوۋات بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %6.1 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە: دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۇ چىقىرىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىسىنىڭ ئېنېرگىيىسى 704 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، %6.0 ئاشتى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 56

مىڭ 900 دانە بولۇپ، %7.1 ئاشتى؛ كىچىك تىپتىكى تراكتورى 233 مىڭ 100 دانە بولۇپ، %2.6 ئاشتى؛ دېھقانچىلىق يۈك ئاپتوموبىلى 11 مىڭ 600 دانە بولۇپ، %2.5 ئازلىدى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى (ساپ) 856 مىڭ توننا بولۇپ، %2.2 ئاشتى؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 2 مىليارد 249 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، %8.0 ئاشتى؛ ئېتىز-ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 44 مىليون 754 مىڭ 400 موغا يېتىپ، %2.5 ئاشتى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

بازار ئېھتىياجى كەمچىل ۋە ماي مەھسۇلاتلىرى ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن، ئالدىنقى يېرىم يىلدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە بىر مەزگىل مەنفىلىك كۆرۈلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش قاتارلىق سىياسەت-تەدبىرلەرنىڭ ئەمەللەشتۈرۈلۈشىگە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بازىرى ئېشىتىك، ئۈنۈملۈك مەھسۇلاتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا ئەگىشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئايمۇ-ئاي قايتا ئۆرلەش بولدى. تولۇق ستاندارتلىق سانائەتنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 30 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.2 ئاشتى.

1. ئىقتىسادىي تىپى بويىچە قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ داۋاملىق تۆۋەن بولدى، پاي تۈزۈمىدىكى ھەم چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان ھەم باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى سانائەتلەر بىرقەدەر ياخشى ئېشىش يۈزلىنىشىنى ساقلاپ كەلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت %1.5 ئاشتى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى سانائەت %1.5 تۆۋەنلىدى، پاي تۈزۈمىدىكى سانائەت %41.0 ئاشتى، چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان سانائەت %18 ئاشتى، باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى سانائەتلەر %46 ئاشتى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولدى، قوشۇلغان قىممىتى 19 مىليارد 347 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %18 ئاشتى.

2. يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنى ئايرىپ قارىغاندا، يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا باشتىن-ئاياق گۈللىنىش بولمىدى، ئېغىر سانائەت دۆلەتنىڭ سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشتا بىرقەدەر ياخشىلىنىش بولدى. يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلغان قىممىتى %0.8 ئاشتى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلغان قىممىتى %3.7 ئاشتى.

3. مەھسۇلاتلار بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، نېفىت، توقۇمىچىلىق قاتارلىق يېتەكچى مەھسۇلاتلار ۋە بىر قىسىم يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى تۆۋەنلىدى، ئادەتتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پولات-تۆمۈر ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا ئۆسۈش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. نېفىت %0.1، يىپ %10.8، رەخت %10.5، يۇڭ توقۇلما %20.2، يىپەك توقۇلما %28.8، كىيىم-كېچەك %34.5 تۆۋەنلىدى؛ سېمونت %16.2، تاختا ئەينەك 3.1 ھەسسە، پولات %10.8، پولات ماتېرىيالى %16.3، خىمىيىۋى ئوغۇت %21.5، كىچىك تىپتىكى تراكتور %28.7، چەككىلەنگەن نېفىت %9.5، توك تارقىتىش مىقدارى %8.4 ئاشتى.

4. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش-ئۇلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بازار ئېھتىياجىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتلار سېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىلغاچقا، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى نىسبەتەن ياخشى، ئەمما يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى دېگەندەك ياخشى بولمىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.1 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: ئېغىر سانائەتنىڭ %98.5، يېنىك سانائەتنىڭ %93.2 بولدى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور كۆلەمدە تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار: (1) سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىندېكسى %66.69 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.34 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. تەكشۈرۈلگەن يەتتە خىل ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە سېتىلىش نىسبىتىدە بىر قەدەر ئۆسۈش بولغاندىن سىرت، قالغان بەش خىل كۆرسەتكۈچ ئالدىنقى يىلدىكىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 20 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، %15.7 ئاشتى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.13 بولۇپ، 0.53 پىرسەنت پوئىنتى كۆتۈرۈلدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى %6.16 بولۇپ، 0.94 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش-قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى %117.23 بولۇپ، 6.03 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ مۈلۈك قەرز نىسبىتى %68.41 بولۇپ، 2.27 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى يىل/قېتىم 1.15 بولۇپ، 0.02 قېتىم ئازلىدى؛ تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى %1.05— بولۇپ، 0.68 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ (2) كارخانىلاردا زىيان ئېغىر بولۇپ، زىيان تارتىش كۆلىمى ۋە زىيان سوممىسى زادىلا تۆۋەنلىمىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكىلانغان 1820 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 759 بولۇپ، زىيان كۆلىمى %41.7 بولدى؛ 217 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئىچىدە 105 ى زىيان تارتقان بولۇپ زىيان كۆلىمى %48.4 گە يەتتى. پايدا ئالغان سانائەت كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى %10.5 تۆۋەنلىدى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى %13.6 ئۆرلىدى، پايدا زىياننى قاپلىغاندىن كېيىنكى ساپ زىيان 604 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ساپ زىيىنى 205 مىليون يۈەن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ساپ زىيىنى 1 مىليارد 157 مىليون يۈەن بولدى. (3) مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى ئوڭۇشسىز بولۇپ، ئىككى خىل مەبلەغنىڭ سالمىقى بىردىنلا ئېشىپ، كۆچمە مەبلەغ جىددى بولۇپ، كارخانىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش كىرىمى 57 مىليارد 719 مىليون بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %2.3 تۆۋەنلىدى، يىل ئاخىرىدا تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 7 مىليارد 531 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.4 كۆتۈرۈلدى؛ كىرىم قىلىنمىدىغان ساپ قەرز سوممىسى 13 مىليارد 462 مىليون يۈەن بولۇپ، %35.9 كۆتۈرۈلدى؛ بۇ ئىككىسىنىڭ يىغىندىسى 20 مىليارد 993 مىليون يۈەن بولۇپ، كۆچمە مەبلەغ ئوتتۇرىچە قالدۇق سوممىسىنىڭ %41.8 نى ئىگىلىدى. ئۇزۇن ۋاقىت مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كارخانىلاردا ”مەبلەغ كۆچۈش — قەرز — يەنە مەبلەغ كۆچۈش — يەنە قەرز“ دەك ناچار ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىشتىكى تۈپ سەۋەپ: قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ئاستا، داڭلىق مەھسۇلاتلار

此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئاز ، تايانچ كەسپىنىڭ ئۈستۈنلۈكى روشەن ئەمەس ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى بازار ئىقتىسادىي ئېگىلىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان .

پۈتۈن يىلدا بىناكارلىق كەسپىدە 13 مىليارد 73 مىليون يۈەن قوشۇلغان قىممەت يارىتىلىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.7% ئاشتى . دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى ئېلىپ بارغان قۇرۇلۇش 6369 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە : خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇش 3177 بولۇپ ، كۆلىمى 49.9% كە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.3 پىرسەنت پوئىنتى كۆتۈرۈلدى . قۇرۇلۇش سۈپىتىدە سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 20.4% بولدى . بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىليون 623 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، 18.7% ئاشتى ؛ ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ پۈتۈش كۆلىمى 8 مىليون 796 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ ، 17.7% ئاشتى . ئەمەلىي پايدا-باج 376 مىليون يۈەن بولۇپ ، 17.5% ئاشتى ؛ پايدا 59– مىليون يۈەن بولدى .

## 4 . مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى . پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 51 مىليارد 477 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.2% ئاشتى . مەبلەغنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك :

(1 ) يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى مەركەزنىڭ تۈرلىرىدىن تېز بولدى . يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 24 مىليارد 424 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ ، 18.0% ئاشتى ؛ مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 27 مىليارد 53 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ ، 12.8% ئاشتى . مەركەز تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى ئاستا بولۇشىغا ئاساسلىقى نېفىتقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تەسىر كۆرسەتكەن .

(2 ) ئاساسلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز ، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى . ئاساسلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 33 مىليارد 210 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.9% ئاشتى ؛ يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 609 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ ، 2.9% ئاشتى .

(3 ) مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى ، مەبلەغ نۇقتىلىق ھالدا ئاساس كەسىپلەر ۋە ئاساسلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىغا سېلىندى . ئۈچ خىل كەسىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ، 1-كەسىپكە (دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق ) سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 854 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.3% ئاشتى . 2-كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 19 مىليارد 613 مىليون يۈەن بولۇپ ، 2.0% ئاشتى ، ئۇنىڭ پۈتۈن مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 40.4% دىن 36.1% كە تۆۋەنلىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 124 مىليون يۈەن بولۇپ ، 7.7% ئاشتى . ئېنېرگىيە سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە : نېفىت سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 105 مىليون يۈەن بولۇپ ، 0.3% تۆۋەنلىدى ؛ كۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 184 مىليون يۈەن بولۇپ ، 43.7% تۆۋەنلىدى ؛ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ، تەمىنلەشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 835 مىڭ يۈەن بولۇپ ، 89.8% ئاشتى . 3-كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 21 مىليارد 98 مىليون يۈەن بولۇپ ، 44.0% ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش-ترانسپورت ، پوچتا-تېلېگراف كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 211 مىليون يۈەن بولۇپ ، 46.9% ئاشتى .

(4 )يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈرلەر كۆپىيىپ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيدى . ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش-ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومۇمىي كۆلەم 161 مىليارد 211 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى ، ئوتتۇرىچە ھەر بىر تۈرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 29 مىليون 150 مىڭ يۈەندىن 33 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈلدى .

نۇقتىلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى . ئاپتونوم رايون پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرغان 28 نۇقتىلىق تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليارد 190 مىليون يۈەن بولۇپ ، يىللىق پىلاننىڭ 96.6% ى ئورۇندالدى ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان 12 تۈرنىڭ داۋانچىڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3-قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇسى ۋە ئۈرۈمچى 2-ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون ئالاقە توگۇنى قۇرۇلۇشىدىن باشقا ، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولى ، تېكەس دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق باشقا تۈرلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ؛ پىلانلانغان 6 يەككە تۈر ۋە بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە : جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلا-ئاقسۇ بۆلىكىدە قاتناش باشلىنىپ ترانسپورت تىجارىتىگە كىرىشتۈرۈلدى ؛ باشقا داۋاملىق قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈرلەردە يىللىق پىلاندىكى نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى قارامايغا باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى . پىلاندىكى يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈرلەر ئىچىدە : تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-قارارلىق قۇرۇلۇشى ، داۋانچىڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستاسىسىنىڭ 3-قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىش باشلاپ قۇرۇلۇشقا كىرىشتۈرۈلدى .

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى ، يېڭىدىن قوشۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى : گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 37 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 798 مىڭ 500 توننا ، تاش يول مۇساپىسى 806.72 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول مۇساپىسى 171 كىلومېتىر ) ، نۇر كابىل غول لىنىيىسى 1700 كىلومېتىر ، شەھەر ئىچى تېلېفونى ۋە كۆچمە كوممۇتاتور 610 مىڭ ، تىجارەت قىلىندىغان تۆمۈر يول ترانسپورت مۇساپىسى 507.1 كىلومېتىر ، شەھەر ئىچى تېز سۈرئەتلىك ئاپتوموبىل يولى 22.4 كىلومېتىر ، ئايرودروم مەيدانىنىڭ كەڭلىكى 45 مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 3200 مېتىر كېلىدىغان ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولىدىن بىرى ، ئېچىلغان بوز يەر 1 مىليون 767 مىڭ 800 مو ، ئامبارات قەغىزى 17 مىڭ توننا ، بىرىكمە ئاممىياك 40 مىڭ توننا ، ئورىيە 70 مىڭ توننا .

## 5 . ترانسپورت ، پوچتا-تېلېگراف

قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسپىدە ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلىپ، ئاساسلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئۇنىۋېرسال ترانسپورت ۋە ئالاقە ئىقتىدارى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، مۇلازىمەت ۋاستىلىرى ۋە سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن يىلدا ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 9 مىليارد 204 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.6% ئاشتى.

پۈتۈن يىلدا ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 55 مىليارد 360 مىليون توننا كىلومېتىر ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: تۆمۈر يولنىڭ 26 مىليارد 420 مىليون توننا كىلومېتىر بولۇپ، 2.0% تۆۋەنلىدى؛ تاش يولنىڭ 26 مىليارد 280 مىليون توننا كىلومېتىر بولۇپ، 6.4% ئاشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 70 مىليون توننا كىلومېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تۇرۇبا يولىنىڭ 2 مىليارد 590 مىليون توننا كىلومېتىر بولۇپ، 7.9% ئاشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 25 مىليارد 690 مىليون ئادەم كىلومېتىر ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە: تۆمۈر يولنىڭ 7 مىليارد 690 مىليون ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، 18.9% ئاشتى؛ تاش يولنىڭ 14 مىليارد 960 مىليون ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، 7.9% ئاشتى؛ ئاۋىئاتسىيىنىڭ 3 مىليارد 40 مىليون ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، 2.4% ئاشتى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورايدى، نۆۋەتتە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلاندىن 19 ى بولۇپ، ئۇچۇش لىنىيىسى 59 غا يەتتى.

پۈتۈن يىلدا پوچتا-تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليارد 506 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 46.1% ئاشتى. پۈتۈن يىلدا يېڭىدىن قوشۇلغان تېلېفون ئابونتلىرى 240 مىڭ بولۇپ، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونتلىرى 1 مىليون 190 گە يېتىپ، 25.3% ئاشتى. يانفوننىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، چاقىرغۇ تېز ئومۇملىشىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئۆزئارا تورلىشىشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. يىل ئاخىرىدا يانفون ئابونتلىرى 157 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 82 مىڭ ئاشتى؛ چاقىرغۇ 428 مىڭ بولۇپ، 111 مىڭ ئاشتى.

## 6. ئىچكى سودا ۋە مال باھاسى

ئىستېمال ئېھتىياجى يېتەرسىز بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئاھالىلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تارقاق، ئىستېمال ھەركىتىدە بارغانسېرى قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشكە خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن، دۆلەت بىر تەرەپتىن ئىمكان قەدەر ئامانەت ئۆسۈمىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىستېمالغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا قايتا ئۆرلەش كۈچى كەمچىل، يېزا بازىرىدا ئۇدا تۆۋەنلەش ھالىتى كۆرۈلدى. پۈتۈن يىلدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 32 مىليارد 752 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.5% ئاشتى.

ئىقتىسادىي تىپقا ئايرىپ قارىغاندا، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئىگىلىكتە يەنىلا گۈللىنىش بولمىدى، خۇسۇسىي ۋە پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك بىر قەدەر جانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1.3% تۆۋەنلىدى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3.6% تۆۋەنلىدى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 16.8% ئۆرلىدى، يەككە ئىگىلىكنىڭ 12.2% ئۆرلىدى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 49% ئۆرلىدى. غەيرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك زور ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلىپ، بازارنى ئىگىلىگەن قىسمى 55.4% گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.4 پىرسەنت پوئىنتى كۆتۈرۈلدى.

شەھەر-يېزىغا ئايرىپ قارىغاندا، شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 6.2% ئېشىپ، پۈتۈن بازار نىسبىتىنىڭ 60.3% نى ئىگىلىدى؛ يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4.5% ئېشىپ، پۈتۈن بازار نىسبىتىنىڭ 39.7% نى ئىگىلىدى.

كەسىپلەرگە ئايرىپ قارىغاندا، يېمەك-ئىچمەك كەسپىنىڭ سېتىش سوممىسى 25.3% ئاشتى، توپ-پارچە سېتىش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4.1% ئاشتى، ياساش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3.6% ئاشتى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا تاۋارلارنىڭ تەمىنلىنىشى يېتەرلىك بولۇپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا يەنىلا تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ماددى ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ 32.7% تۆۋەنلىدى؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 222 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29.1% تۆۋەنلىدى.

بازار سودىسى بىرقەدەر تېز راۋاجلىنىپ، ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى بارغانسېرى جانلاندى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر-يېزا سودا بازارلىرى راۋاجلىنىپ 1388 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27 سى ئاشتى؛ ئېلىم-سېتىم سوممىسى 13 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.3% ئاشتى.

دۆلەت ئىلكىدىكى پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. 30 نۇقتىلىق توپ-پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن يىلدا تاۋار سېتىش كىرىمىنىڭ ساپ سوممىسى 1 مىليارد 815 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.5% تۆۋەنلىدى؛ تاۋار تىجارەت خىراجىتى نىسبىتى 7.4% بولۇپ، 2.3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ زىيان ئومۇمىي سوممىسى 116 مىليون يۈەن بولۇپ، 40 مىليون يۈەن ئاشتى؛ كىشى بېشى سېتىش سوممىسى 11.5% تۆۋەنلىدى.

مال باھاسى تۆۋەن ئايلاندى. 1998-يىل تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.3% تۆۋەنلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى 0.2% ئۆرلىدى، ئۆرلەش دەرىجىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.1 پىرسەنت پوئىنتى ۋە 3.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، مال باھا ئىندېكسى 1984-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن بولغان بىر يىل بولدى. مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىشىدە، 1998-يىل يېمەكلىكلەر ئىستېمال باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.6% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق گۆش ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، تۇخۇم، قۇرۇق-ھۆل مېۋە قاتارلىق تۈرلەرنىڭ باھاسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.1%، 6.6%، 1.5% ۋە 0.7% تۆۋەنلىدى، يەرلىك كۆكتاتلار باھار سوغۇقى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىدە بىر قەدەر كېچىكىپ بازارغا كىردى، باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.9% ئاشتى.

سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا سېتىۋالغۇچى بازىرى ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندى. 13 تۈرلۈك سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى

باھاسىدا : كىيىم-كېچەك ، باش-ئاياق كىيىم ، توقۇلما بۇيۇملار ، جۇڭگوچە ۋە غەربىچە دورىلار ، گىرىم بۇيۇملىرى ، كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللار ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ۋە يېقىلغۇ قاتارلىقلارنىڭ باھاسى ئۆرلىگەندىن باشقا ، قالغانلىرىنىڭ باھاسى بىر قەدەر تۆۋەنلىدى . مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلىدى ، ئۆرلەش دەرىجىسى %6.7 بولدى ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %0.8 ئاشتى .

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم تۆۋەنلەش كۆرۈلدى ، تۆۋەنلەش دەرىجىسى %4.2 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە : ئېغىر سانائەتنىڭ %4.3 تۆۋەنلىدى ، يېنىك سانائەتنىڭ %3.8 تۆۋەنلىدى . سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى ئۇدا تۆۋەنلەپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى .

ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %0.2 ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە : بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باھاسى %3.0 ئاشتى ، ئەسۋاپ-جابدۇقلار باھاسى %3.3 تۆۋەنلىدى ; باشقىلارنىڭ باھاسى %2.7 ئۆرلىدى .

## 7 . تاشقى ئىقتىساد

پۈتۈن يىلدا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 532 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئورۇندىلىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5.9 ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە : ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 808 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %21 ئاشتى ; ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 724 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %7.3 تۆۋەنلىدى . ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى : (1) چېگرا سودىسى تېز راۋاجلىنىپ ، ئاپتونوم رىيونىمىز تاشقى سودىسىنىڭ ئېشىشىدا ئاساسلىق تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلاندى . چېگرا سودىسى ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 869 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئورۇندىلىپ ، %16 ئېشىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %56.8 نى ئىگىلىدى ; بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سودىسى ئېكسپورتى 376 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %64 ئېشىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %46.5 نى ئىگىلىدى ; چېگرا سودىسى ئىمپورتى 493 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %5 تۆۋەنلەپ ، ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا ئىمپورتىنىڭ %68.1 نى ئىگىلىدى . (2) چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئېكسپورتىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولۇپ ، پۈتۈن يىلدا ئېشىش دەرىجىسى %45 گە يېتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ 1997-يىلدىكى %11.3 دىن 1998-يىلدىكى %13.6 گە كۆتۈرۈلدى . (3) ئادەتتىكى سودا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى . ئاسىيا پۇل-مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىدىن ، ئاتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى . پېرېۋوت پۇلنى راسچوت قىلىش ۋە سېتىشنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەبلىغى ئېغىر كەمچىل بولغاچقا ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى . 1998-يىل ئادەتتىكى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 532 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %11.4 تۆۋەنلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە : ئېكسپورت 320 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %11 تۆۋەنلىدى ; ئىمپورت 210 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %13 تۆۋەنلىدى .

پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ، ئەمما چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ داۋاملىق تۆۋەنلىدى . ئاپتونوم رايون بويىچە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 162 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %86.7 ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە : چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 22 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %12.3 تۆۋەنلىدى ; ۋاستىلىق پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 141 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 3.1 ھەسسە ئاشتى ، بىرىكمە مەبلەغنى ئىجارىگە ئېلىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ ، فىرانسىيىنىڭ ATR تىپلىق ئايروپىلانىدىن 5 نى ھەم ئامېرىكىنىڭ بوئىن 757 تىپلىق ئايروپىلانىدىن 3 نى كىرگۈزدى .

ساياھەتچىلىك ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . پۈتۈن يىلدا كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچىلەر 206 مىڭ 600 ئادەم قېتىم بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %19.8 ئاشتى ; ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوت 82 مىليون 460 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، %0.16 ئاشتى . بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساياھەت قىلىپ سېتىۋېلىش ئىشلىرى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ، پۈتۈن يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋالغۇچىلار 50 مىڭ 500 ئادەم قېتىمغا يېتىپ ، تولۇپ تاشقان تەرەققىيات ھاياتى كۈچىگە ئىگە سودا شەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ ، چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى .

## 8 . مالىيە ، پۇل-مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا

ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى كىرىمنى ئاشۇرۇپ ، چىقىمنى تېجەش خىزمىتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ ، باج يىغىش ، باشقۇرۇش ۋە مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئۇدا ساقلاپ ، مالىيە چىقىمىنى كونترول قىلدى . تولۇق ستاندارتلىق مالىيە كىرىمى 11 مىليارد 313 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە : يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليارد 657 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %15.5 ئاشتى ; مەركەزگە ئايرىغان ئىككى باج كىرىمى 4 مىليارد 654 مىليون يۈەن بولۇپ ، %2.7 ئاشتى . مالىيە چىقىمى 14 مىليارد 738 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %16.2 ئاشتى .

پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئايلىنىشى ئاساسەن مۇقىم بولدى . يىل ئاخىرىدا پۇل-مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەت پۇللار 133 مىليارد 658 مىليون يۈەن بولۇپ ، يىل بېشىدىكىدىن 14 مىليارد 719 مىليون يۈەن ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە :كارخانا ئامانىتى 46 مىليارد 102 مىليون يۈەن بولۇپ ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 827 مىليون يۈەن ئاشتى ; شەھەر-يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتى 75 مىليارد 914 مىليون يۈەن بولۇپ ، يىل بېشىدىكىدىن 8 مىليارد 255 مىليون يۈەن ئاشتى . يىل ئاخىرىدا پۇل-مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ بېرىلگەن تۈرلۈك قەرز پۇللىرى 131 مىليارد 841 مىليون يۈەن بولۇپ ، يىل بېشىدىكىدىن 10 مىليارد 293 مىليون يۈەن ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە : قىسقا مۇددەتلىك

قەرز پۇل 96 مىليارد 112 مىليون يۈەن بولۇپ ، 3 مىليارد 977 مىليون ئاشتى ؛ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز 27 مىليارد 806 مىليون يۈەن بولۇپ ، 3 مىليارد 182 مىليون يۈەن ئاشتى . يېڭىدىن قوشۇلغان قەرز پۇللار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە كارخانىنىڭ كۆچمە مەبلىغىگە ئىشلىتىلدى .

سودا ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى . ئاپتونوم رايون بويىچە مال-مۈلۈك سودىسىدا كىرىمى 775 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.9% ئاشتى ؛ تۆلەم سوممىسى 415 مىليون يۈەن بولۇپ ، 21.2% ئاشتى ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە مال-مۈلۈك سودىسىغا قاتناشقان كارخانىلار 7029 غا ، ئائىلە مال-مۈلۈك سودىسىغا قاتناشقان ئاھالىلار 48 مىڭ 300 گە يەتتى . ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆمۈر سودىسىغا قاتناشقانلار جەمئىي 6 مىليون 280 مىڭ ئادەم قېتىم ، خەۋپسىزلەندۈرۈشنى مۇددىگە ئېلىش سوممىسى 84 مىليارد 70 مىليون يۈەن ، قايتۇرۇلغان تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 260 مىليون يۈەن بولدى ، خەۋپسىزلەندۈرۈش خىراجىتى 976 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 62.6% ئاشتى .

## 9 . پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ

